# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
7
جۈمە
维吾尔文 2 月7日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24964 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، پادىشاھ ئالىيلىرى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان ئىككى دۆلەتنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر ئاپىرىن ئوقۇيمەن. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىنى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىنى ئۆزئارا قوللاپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى
مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ——

# ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ.

**تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مەدەت بىلەن تەمىنلەيمىز**

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، پەقەت تېببىي دورا، سەھىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر تەرەپلىمە خىزمەت، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مەدەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى شىنجۈن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئوبلاست بىلەن شەھەر بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى پۇختا چىڭىتايلى

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك، مەسئۇلىيەت تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ «پەرقىنى تېز تېپىپ چىقىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەكلىكى»نى تەكىتلىدى، يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ھەرقايسى رايونلار يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق، توغرا، تېخىمۇ ئەسقاتىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.» ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى پۇختا چىڭىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

بۇ قېتىم يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە، تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ئاشكارا، ئېنىق ئېلان قىلىشتىن تارتىپ، تارقىلىش يوشۇرۇن خەۋپىنى قاتتىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئايرىشقىچە، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىشتىن تارتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشكىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن توسۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارخانىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى




**2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، دۆلەت ئېنېرگىيە گۇرۇھى ئىلى ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلارنى يېتەرلىك توك ئىشلىتىش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. □ لەي يۈنىڭ فوتوسى**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. باش باھار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارخانىلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. نۇرغۇن كارخانا تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ياكى كەينى - كەينىدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

**ۋاقىت قوغلىشىش سۈرئەت تالىشىش**

شىنجاڭ جيانىڭ 84 دېزىنفېكسىيە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىككى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 30دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى نۆۋەت بىلەن ئىسمېنا ئالمىشىپ، 24 سائەت توختىماي ئىشلەپچىقىرىپ، ۋاقىت قوغلىشىپ، سۈرئەت تالىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇۋاتىدۇ.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، بىز بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆيىگە قايتمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇددەتتىن بۇرۇن خىزمەت ھالىتىگە كىرىپ، مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى ئەي يۈنچاۋ.

ئەي يۈنچاۋ مۇنداق بىلدۈردى: كارخانا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يېپىق شەكىلدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ھەر كۈنى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر زاۋۇتقا قايتقان كۈندىن باشلاپ 14 كۈن كۆزىتىلىپ، غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقسا بولىدۇ.

شىنجاڭ ئەيدىئېر بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يولغا چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **يۈەن لىي، چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى 142 ئەترەت ئەزاسى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن ۋۇخەنگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 19 لار ئەتراپىدا، داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئايروپورتنىڭ T3 ئاۋىياتسىيە بىناسى كۈتۈش زالىدا سەپ بولۇپ يىغىلىپ، يۈك - تاقلىرىنى تەييارلاپ يولغا چىقىشقا ھازىرلاندى. كۆپچىلىك تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، يۈكسەك جەڭگىۋارلىق بىلەن ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە قەسەم بەردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىم يولغا چىققان 142 ئەترەت ئەزاسىنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزاسىدىن 78ى بار ئىكەن. داۋالاش ئەترىتىدە ئارقا سەپ كاپالىتىدىن باشقا، 75 سېستىرا، 60 دوختۇر بولۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## قېرىنداشلارچە رىشتە باغلاش، قېرىنداشلاردەك ئۆتۈش

سۆز ھەممىگە

□ **شىن ياپىڭ**

بىز سىلەر بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىمىز. 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ئاتلاندى. ئۇنىڭغا ئالدىنقى ئىككى تۈركۈمدىكى داۋالاش ئەترىتىنى قوشقاندا، شىنجاڭدىن 300دىن ئارتۇق تېببىي خادىم «يۇقۇم» جېڭىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى، ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغىنى تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ خۇبېي خەلقىگە بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتىدىغان، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان چوڭقۇر دوستلۇقى بولدى.

2 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى بىلەن بىللە ئاتلانغان خېجىڭ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يىن لىڭخۇي مۇنداق دېدى: «ۋۇخەن ئانامنىڭ يۇرتى، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا قايتىپ بېرىپ كۆرۈپ كېلەي».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «ئۈچ مېلودىيە»سىنى ياڭرىتىش

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى**

ئەگەر ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ بىر پارچە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش «لىنىيە خەرىتىسى» سىزىپ چىقىلسا، بۇ چېگرادىكى تاغلىق رايون ناھىيەسىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ ئىزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئوندىن ئارتۇق ئۆلكە، شەھەرلەرگىچە تارقالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالىماسلىق»تىن «مەن ئىشقا ئورۇنلىشىمەن»گىچە، «تارقاق ئىشقا ئورۇنلىشىش»تىن يىراقتىكى ئىچكىرى رايونلارغا بېرىش ياكى ئىشكى ئالدىدا «ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش»قىچە، «سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش»تىن پۇل تاپقاندىن كېيىن «يۇرتقا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەش»كىچە، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «ئۈچ مېلودىيە»سىنى ياڭراتتى، بولتۇر 21 مىڭ 500 كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئەمگەك كۈچى 9000 كىشى.

**بىرىنچى قەدەم بېسىلدى كىرىمدە زور ئۆزگىرىش بولدى**

چاغان ئالدىدا، ئوتتېبىشى يېزىسى سۆگەتلىك كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن مامۇت مۇخبىرغا جىنەندە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئوغلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ چېھرىدە ئىپتىخارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغلى جىنەنگە ئىشلەمچىلىك قىلغىلى بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭغا 10 مىڭ يۈەن ئەۋەتىپ بەرگەنىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)